# 246660 ـ سېرىق پۇرچاق مېيى ماددىسى ئارىلاشتۇرۇلغان سۇت پاراشوكىنى ئىستېمال قىلىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

### سۇئال

نىدو ماركىلىق سۈت پاراشوكىنى ئىشلىتىش توغرىمۇ؟ (ھالالمۇ)، بىلىشىمچە ئۇنىڭغا قوشۇلغان ماددىلارنىڭ ئارىسىدا سېرىق پۇرچاق مېيى ئارىلاشمىسى بار، مەن سېرىق ماي ماددىسىنىڭ تەركىبىنى كۆپ تەكشۈردۈم، (لىيلىسىيتىن) سېرىق ماي ماددىسى يىمەكلىك ئىشلەپ چىقىرىشتا ئارىلاشتۇرۇلىدىغان ماددا بولۇپ، بۇنى ئىشلىتىشتىكى مەقسەت يىمەكلىك ئىشلەپ چىقىرىشتا ماي ماددىسىنىڭ سۇدىن ئايرىلىشىنى چەكلەيدۇ، ئۇ ماي ماددىسى بىرقانچە تۈرلۈك ماددىلاردىن ئېلىنىدۇ، بۇنىڭ قاتارىدىن سېرىق پۇرچاق ئۆسۈملۈكىدىن ئېلىنىدۇ، ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەپ چىقىرىلغان ماددىلارنىڭ مەنبىيىنى ئوچۇق بايان قىلىش مەسئۇلىيىتىنى شىركەت ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ، ئەگەر ئارىلاشتۇرۇلغان ماددىغا پەقەت سېرىق ماي دەپلا يېزىلغان بولسا بۇنىڭ ئەسلى مەنبىيى شەكلىك بولىدۇ، ئەمما سېرىق پۇرچاق مېيى دەپ يېزىلغان بولسا ئۇ ۋاقىتتا ئۇ ھالال بولىدۇ. بۇ توغرىدا تەپسىلى جاۋاپ بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### ئىخچام جاۋاپ

سۆزىمىزنىڭ

خۇلاسىسى: يۇقىرىدا

سوئالدا بايان قىلىنغان سۈت پاراشوكىنى ئىشلەتسە بولىدۇ،

بۇ

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

مۇسۇلمان كىشىنىڭ يۇقىرىدا سوئالدا بايان قىلىنغان سۈت پاراشۇكىنى ياكى ئۇنىڭغا ئوخشىغان باشقا تۈرلەردىكى سۈت پاراشۇكىنى ئىستېمال قىلىشدا قىيىنچىلىق يوق، (يەنى گۇناھ بولمايدۇ) ئۇنىڭغا ئارىلاشتۇرۇلغان ماددىلارنى بىلەلمىسەك ئۇنى تەپسىلى سوراش كېرەك بولمايدۇ.

ئۇنىڭ تەركىۋىدە بىز بىلمەيدىغان ماددىلار بولۇپ قالسا ئۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ھەققىمىزدە ھۆكۈم يوق بولۇپ، ئېنىقسىز نەرسە

ھۆكۈمدە يوق نەرسىگە ئوخشايدۇ، ئەگەر يېمەكلىكنىڭ ئەھۋالىدىن تەپسىلى سوراش كېرەك بولىدىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ يېمەكلىكىدە بۇنى شەرت قىلاتتى، باشقىلارنىڭ يېمەكلىكىدىن مەنپەئەتلىنىشكە بولغان ھاجەت ئومۇم بولغانلىقى ئۈچۈن بىز ئۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلمىدۇق، بۇنى بىلىش تەلەپ قىلمايدۇ بەلكى بۇنداق قىلىش يولغا قويۇلمىغان.

دائىمي كومىتېت ئۆلىمالىرىدىن: "ئىرىمچىك ياساشقا كۆنەلگۈ (سۈتنى ئۇيۇتقۇچى پىرمېنت) قاتىدىكەن، بۇ ئىرىمچىك ھالال بولامدۇ؟ چۈنكى بۇ كۆنەلگۈ شەرئى يول بىلەن ئۆلتۈرۈلمىگەن موزاي ياكى كالىلاردىن ئېلىنىدىكەن؟ دەپ سورالغاندا، ئۆلىمالار جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "بۇ ئىرىمچىكنى ئىستىمال قىلساڭلار بولىدۇ، ئۇنىڭغا قاتقان كۆنەلگۈنى سوراش كېرەك بولمايدۇ، چۈنكى مۇسۇلمانلار ساھابىلەرنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ كاپىرلارنىڭ ئىرىمچىكلىرىنى ئىستىمال قىلغان، ھازىرمۇ مۇسۇلمانلار شۇنداق قىلىۋاتىدۇ، ئۇلار ئىرىمچىككە قاتقان كۆنەلگۈنىڭ تۈرىنى سورىمىغان". "دائىمي كومىتېت پەتىۋاسى" 22–توم 263– 264–بەت.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئەسلىدە ئاللاھ تائالا زېمىندا بىز ئۈچۈن پەيدا قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھالال بولۇپ، بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: هو الذي خلق لكم ما في الأرض جميعا تەرجىمىسى: ئاللاھ تائالا يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن ياراتتى [سۈرە بەقەرە 29–ئايەت].

ئىرىمچىككە قېتىلغان ماددىنى ئۇ پاسكىنا بولغانلىقى ئۈچۈن ھارام بولىدۇ دەپ قارىغان كىشىلەردىگەن سۆزىگە دەلىل كەلتۈرۈشى كېرەك.

ئەمما قايمۇقتۇرىدىغان ۋە دېيىلگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىش پەقەت ئاساسسىز بىر ئىش ھېسابلىنىدۇ. "ئوچۇق ئۇچۇرۇشۇش" ناملىق پىروگرامما 31–قىسىم 20–بەت.

ئىككىنچى: بازارلاردا سېتىلىۋاتقان سۈت پاراشوكى تۈرلىرى توغرىسىدا تارقالغان "سۈت پاراشۇكىغا ئارىلاشتۇرۇلغان ماددىلارنىڭ ئەسلى ھارام ياكى ئەسلى شەكلىك" دېگەندەك ئىغۋالارغا قارىماسلىق كېرەك، چۈنكى ئارىلاشتۇرۇلغان ماددىلارنىڭ ئەسلى مەنبىيى ئۆسۈملۈك بولىدىكەن بۇ تۈردىكى سۈتلەرنىڭ ھالال ئىكەنلىكىدە ھېچ شەك قىلىنمايدۇ.

ئەمما ئارىلاشتۇرۇلغان ماددىلارنىڭ ئەسلى مەنبىيى ھايۋانلاردىن بولۇپ قالسا، ئۇ شەرئى بوغۇزلانغان ھالال ھايۋاندىن ياكى شەرئى بوغۇزلانمىغان ھايۋاندىن ئېلىنغان بولىدۇ.

ئەگەر شەرئى يول بىلەن بوغۇزلانغان ھالال ھايۋاندىن ئېلىنغان ۋە يەرلىك خەلق بوغۇزلىغان ئۇلاغلارنىڭ گۆشىنى يېگىلى بولىدىغان رايونلاردىن كەلتۈرۈلگەن بولسا، بۇ ۋاقىتتا ھالال بولىدۇ، بۇنىڭدا ھېچ مەسىلە بولمايدۇ.

ئەمما گۆشىنى يېيىش دۇرۇس بولمايدىغان (ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ياكى باشقا شەرئى بولمىغان يوللار بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن)ھايۋانلاردىن ئېلىنغان بولسا ياكى يەرلىك خەلق بوغۇزلىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېگىلى بولمايدىغان رايونلاردىن

كەلتۈرۈلگەن بولسا، بۇمۇ هالال بولىدۇ، چۈنكى بۇ تۆۋەندىكى ئىككى هالەتتىن خالى بولالمايدۇ:

ـ بۇ نەرسلەر خىمىيىلىكماددىلارنى ئارىلاشتۇرۇش سەۋەبى بىلەن ئەسلى تەبىئىتىدىن ئۆزگەرتىلگەن بولىدۇ ۋە باشقا ماددىغا ئۆزگىرىدۇ.

ـ ياكى بۇ ماددىلار خوراپ كەتكەن، سۈت پۈراشۇكىدا ئۇنىڭ هېچ تەسىرى قالمىغان بولىدۇ.

بىز ئىلگىرى (لىليستين ۋە كولىستىرول) ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئەسلى پاكىزە بولمىغان نەرسىلەردىن چىقىرىلغان ماددىلارنى يىمەكلىك ۋە دورىلاردا ئىشلىتىشنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقى توغرىسىدا جاۋاپ بەرگەن ئىدۇق، يەنىبەك ئاز مىقداردا ئارىلاشتۇرغاندا، بۇ ماددىلار باشقا پاكىزە (هالال) ماددىلارغا سىڭىپ كەتكەندە بۇنى ئىستىمال قىلىش دۇرۇس بولىدۇ.